100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# پارتىيە شىنجاڭدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇردى

جەۋلان قىلغان قىزىل بايراق
100 پارتىيە شىنجاڭدا

## چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ②

**1934 - يىلى**

**9 - ئاي** پارتىيەنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋادىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا خەت ئەۋەتىپ، «سىچۈەن - شەنشى سوۋېت رايونى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇش»نى تەلەپ قىلىپ، بۇ «جۇڭگو ئىنقىلابىدا ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە خىزمەت» دەپ قارىدى.

**1935 - يىلى**

**5 - ئاي** سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يۈ شيۇسۇڭ ۋە. كىللىكىدىكى نەچچە تۈركۈم ئەزاسى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئىلغار سىياسىي پروگراممىسى «ئالتە چوڭ سىياسەت»نى تۈزۈشكە ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتى ۋە ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

**6 - ئاي** جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قىزىل 4 - يۈنىلىش ئارمىيەسى رەھبەرلىكە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، مۇۋاپىق مەزگىلدە يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسى تەشكىللەپ، شىنجاڭغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**8 - ئاي** كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال 7 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە»(يەنى «1 - ئاۋغۇست خىتابنامىسى»)نى تۈزۈپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**1936 - يىلى**

**6 - ئاي** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى دېڭ فانى شىنجاڭ ئارقىلىق موسكۋاغا ئەۋەتىپ، پارتىيە بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ئالاقىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇتاشتۇردى.

**11 - ئاي** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسى تەشكىللەپ، غەربتە خېشى كارىدورىغا يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان خەلقئارا قاتناش لىنىيەسىنى تۇتاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى چېن يۈن قاتارلىق بەش كىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا بېرىپ غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسگە ياردەم بېرىش - كۈتۈۋېلىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ئەۋەتتى.

**1937 - يىلى**

**4 - ئاي** سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە، چېن يۈن بىلەن تېڭ دەيۈەن دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى)غا يېتىپ كېلىپ، پارتىيە بىلەن شېڭ شىسەينىڭ بىرلىك سېپىنى رەسمىي قۇرۇپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغان قالدۇق قىسمىنى قۇتقۇزدى. چېن يۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تۇنجى ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەندى.

**5 - ئاي** چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن شىنجاڭ شىڭشىڭشياغا يېتىپ كېلىپ، لى شيەنيەن باشلاپ ماڭغان غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى كۈتۈۋالدى. چېن يۈن، تېڭ دەيۈەننىڭ يېتەكلىشى بىلەن، غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ قالدۇق قىسمىدىكى 400دىن ئارتۇق كىشى دىخۇاغا يېتىپ كېلىپ، سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەرلەر يېغى» دەپ ئاتالدى.

**7 - ئاي** لۇگوچياۋ ۋەقەسى پارتلاپ، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى.

**9 - ئاي** گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئىككىنچى قېتىم ھەمكارلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىك سېپىنى قۇردى.

**10 - ئاي** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جوۋ شياۋجوۋنى 8 - ئارمىيە باش ئىشتابىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي بىلەن كېڭەشش ئارقىلىق، 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنى تەسىس قىلدى، تېڭ دەيۈەن 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەندى، قىزىل قاتناش لىنىيەسى ئېچىلىپ، پارتىيەمىزنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇھىم كادىرلىرى بىردەك مۇشۇ يەر ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يەنئەن ئارىلىقىدا بېرىپ - كېلىپ تۇردى.

**شۇ ئاي** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چېن يۈن، تېڭ دەيۈەننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، دىخۇا «يېڭى ئەسكەرلەر يېغى»نىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى شىنجاڭدا ئالاھىدە ھەربىي تېخنىكا ئۆگىنىشكە قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

**كېڭەيتىپ ئوقۇش**

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىغا خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن شەنشى - گەنسۇ - سىچۈەندىكى سىياسىي، ھەربىي ئىشلار رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، سىچۈەن - شەنشى سوۋېت رايونىنى بىرلەشتۈرۈپ، يەنە مۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «سىچۈەن - شەنشى سوۋېت رايونى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇش»نى تەلەپ قىلىپ، بۇ «جۇڭگو ئىنقىلابىدا ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە خىزمەت» دەپ قارىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، خەلقئارا يولنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ئىنقىلابىي تايانچ بازىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تايىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەۋرەنمەس ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىغا ئايلاندى.



يۈ شيۇسۇڭ

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىردەك قاراشتا بولدى، شۇڭا تېلېگرامما ئەۋەتىپ «1 - ئاۋغۇست خىتابنامىسى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا بىردەك قارشى تۇرۇش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ بىرلىك سەپ ئورنىتىشىنىڭ سىياسىي ئاساسى.



غەربىي يۈرۈش ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش خاتىرە سارىيىدىكى چېن يۈن بىلەن لى شيەنيەننىڭ شىڭشىڭشيادا ئۇچرىشىش ھەيكىلى.



ئۈرۈمچى «يېڭى ئەسكەرلەر يېغى»نىڭ كونا ئورنى.

□ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى تەمىنلىگەن
□ئانار بۇلۇت \شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى فەن خۇڭبى رەتلىگەن

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. 2021 - يىلى شىنجاڭ بىرلىك سەپى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەش ئارقىلىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنى پىلانلاپ ۋە ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، قوزغىتىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغىتىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، ئەقىل - پاراسەتنى مۇجەسسەملەش، كۈچنى مۇجەسسەملەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىجادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى»نى ياخشى تەشۋىق قىلىپ ۋە يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قانۇن - نىزاملار ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تاكاممۇللاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى سىجىل، چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، دىنىي زاتلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سىياسىي ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنى يېتەكچى قىلىپ، بىرلىك سەپ ئەزالىرىنى «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا يېتەكلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى»نى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، كەڭ دائىرىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى ئەندىزىسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ئاساسىي قاتلام ئۇل خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم، كەسپكە پىششىق، ئىستىلدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان كادىرلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا 2017 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر، ئىناق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ ۋە ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تەقدىرلەندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇن خۇڭمېي تەقدىرلەش قارارىنى ئوقۇدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى تەنتەربىيەنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئاپتونوم رايون كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك باش نازارەتچىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئومۇمىي خەلقنىڭ بەدەننى كۈچەيتىشى، ساغلام تۇرمۇشنىڭ ئاساسى ۋە كاپالىتى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىق ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دىققەتنى ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى، تەنتەربىيە مەيدان، ئەسلىھەلىرى تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتى، «ئالاقە تورى + تەنتەربىيە»نىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ نۇقتىلىق يۆنىلىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنى يېتەكلەپ ئاقىللاشقان ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرىدىغان يېڭى دەۋرگە باشلاپ كىرىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك. خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، «تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاش» ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئالاقىدار كارخانىلار كارخانىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك باش نازارەتچىسىنى تاللاپ تەيىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغدىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يولداش ماھمۇت قاسىم 1929 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ قورغاس ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1947 - يىلى 7 - ئايدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا قاتناشقان، 1952 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1951 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئىلى ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1951 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئىلى ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 1953 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1954 - يىلى 9 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1956 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان، 1956 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغان، 1973 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان، 1978 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغان، 1979 - يىلى 1 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغان، 1985 - يىلى 11 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 2004 - يىلى 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

يولداش ماھمۇت قاسىم 8 -، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

يولداش ماھمۇت قاسىم ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىغان. خىزمەتتە تىرىشچان بولۇپ، كەسپىنى قەدىرلىگەن، ئەمەلىيەت تەجرىبىسى مول. ئۇزاق مۇددەت ئاياللار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئاياللار ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيگەن، ئاياللار، بالىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئاياللارنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا قاتنىششقا سەپەرۋەر قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يۈكلىگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلغان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىپ، نىزام چىقىرىش نازارەتچىلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتقان. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلگىرىكىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ، پائال چارە - تەدبىر كۆرسەتكەن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقان.

---

□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# پومپېئونىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى ئوتخۇنتوب

پومپېئو ئېقىمدىكىلەر شىنجاڭغا ئالاقىدار نۇرغۇن ساختا، يالغان ئۇچۇرلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، تارقىتىپ، جۇڭگونىڭ ئوبرازىغا قارا چاپلىدى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە تۆھمەت قىلدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلدى، بۇزغۇنچىلىق قىلدى، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل.

مەن گۈزەل، باي بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تۇغۇلغان. 1995 - يىلى داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىغا تەقسىم قىلىنىپ، موڭغۇل تەھرىر بۆلۈمىدە خىزمەت قىلدىم. پېشقەدەم مۇھەررىرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەن تەھرىرلىك كەسپىنى ئۆگىنىپ، كىتاب تەھرىرلەش، نەشر قىلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى پىششىق ئىگىلىدىم، تەھرىرلىك ئىقتىدارىم ۋە كەسپىي سەۋىيەم يىلدىن - يىلغا ئۆستى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەن تەھرىرلەشكە مەسئۇل بولغان كىتابلار 40 نەچچە خىلغا يەتتى، بۇلار پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، باقمىچىلىق، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساۋاتلىرى، تەزكىرە، يىلنامە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، مىللىي ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەچچە مىليون خەتلىك موڭغۇلچە كىتابلار نەشر قىلىندى، ئەجەبا، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى چەكلىگەنلىكمۇ؟ مەن يەنە موڭغۇل مىللىتىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار كىتابلارنى تەھرىرلىدىم، مەسىلەن، «شىنجاڭ چاخار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى» «جىڭخەي تورغۇت ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى» «شىنجاڭ ئويرات ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى». بۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزغا ياردەم بەرگەنلىكى.

شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست مۇقەررەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭيۈەن شىمالىي يولى 500 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن